# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 6 ـ ئاي

8

دۈشەنبە

维吾尔文 6 月8日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25086 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك مۇساپىسى ھەققىدە خاتىرىلەنگەن مۇھىم ھۆججەت

## «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى جۇڭگو ھەرىكىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار چېن فاڭ، چېن سۇڭ) جۇڭگو گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى جۇڭگو ھەرىكىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئېلان قىلدى.

بۇ ئاق تاشلىق كىتاب جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك مۇساپىسى ھەققىدە خاتىرىلەنگەن مۇھىم ھۆججەت، تەخمىنەن 37 مىڭ خەتلىك بولۇپ، كىرىش سۆز، تېكىست ۋە ئاخىرقى سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېكىست تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك مۇساپىسى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتىن ئىبارەت ئىككى جەڭ مەيدانىدا ماسلىشىپ جەڭ قىلىش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش، ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ خاربىن سانائەت داشۆسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خەت ئەۋەتىپ، خاربىن سانائەت داشۆسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىدى، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە مەكتەپداشلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇلارغا سەممىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنداق كۆرسەتتى: خاربىن سانائەت داشۆسىنىڭ تارىخى ئۇزاق. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەكتەپ شەرقىي شىمالدا يىلتىز تارتىپ، ۋەتەننى سۆيۈپ ئۆزىنى بېغىشلاپ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەپ، دۆلەتنىڭ زور بىر تۈركۈم مۇھىم قۇراللىرىنى ياساپ چىقىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ خاربىن سانائەت داشۆسىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، پەن ـ تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەردە، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## تەبرىك خەت

خاربىن سانائەت داشۆسى قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغان مۇشۇ پەيتتە، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە مەكتەپداشلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە ئۇلارغا سەممىي سالام يوللايمەن!

خاربىن سانائەت داشۆسىنىڭ تارىخى ئۇزاق. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەكتەپ شەرقىي شىمالدا يىلتىز تارتىپ، ۋەتەننى سۆيۈپ ئۆزىنى بېغىشلاپ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەپ، دۆلەتنىڭ زور بىر تۈركۈم مۇھىم قۇراللىرىنى ياساپ چىقىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. خاربىن سانائەت داشۆسىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، پەن ـ تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەردە، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، قالتىس بولۇشقا ئىنتىلىپ، تىرىشىپ «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**شى جىنپىڭ**

2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

## خۇش پۇراق سۈت مەھسۇلاتلىرى تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە نەپ يەتكۈزدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خېي خۇڭۋېي

يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۈتچىلىكى يەنىلا كۆزنى چاقنىتىدىغان نەتىجە قەغىزى تاپشۇردى — بۇ يىل 1 ـ پەسلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى خام سۈت مەھسۇلات مىقدارى 415 مىڭ توننىغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %4.2 ئاشتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بۇنىڭ ئارقىسىدا مۇكەممەل كەسىپ زەنجىرىنىڭ بار بولغانلىقىدا، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش زەنجىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ، كۆچەپ ماسلاشتۇرۇلۇپ، سۈت مەھسۇلاتلىرى بازار تەمىناتىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىنغاچقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاھالىلەر قانداق سۈت ئىچكۈسى كەلسە ئىچەلەيدىغان بولدى.

### سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنۇمنى ئاشۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك سۈت بازىسى بەرپا قىلىش

6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، سانجى شەھىرىنىڭ ئەرلىۈگۈك بازىرىدىكى سانجى شەھىرى جىڭفېي كالا باقمىچىلىقى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ زامانىۋى كالا قوتىنىدا، سۈت كالىلىرى مول «كۆچمە ئوزۇقلۇق»تىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى، يىراق بولمىغان جايدىكى سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش سېخىدا، ئىشچىلار شۇ كۈنى سېغىلغان يېڭى سۈتنى پىششىقلاپ ئوراپ قاچىلاۋاتاتتى.

«بىز كۆلەملەشكەن، ئۆلچەملەشكەن، زامانىۋىلاشقان ماشىنا ئارقىلىق يەم بېرىپ، باشقۇرۇشنىڭ ئىنچىكىلىشىش دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، سۈت مەنبەسىنىڭ سۈپىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردۇق» دېدى بۇ كارخانىنىڭ مەسئۇلى شىيا مىڭيى.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، قۇتۇبى ناھىيەسىدىكى نەسىللىك كالا فېرمىسىنىڭ سۈت سېغىش زالىدا، 60 كالا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق سۈت سېغىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، پۈتكۈل فېرمىدا سۈت كالىسىنىڭ سۈت ئىچىشىدىن تارتىپ يەم ـ خەشەك يېيىشىگىچە ھەم قىغىنى تازىلاشقىچە بولغان پۈتۈن جەريان رەقەملەشتۈرۈلۈپ باشقۇرۇلىدىكەن.

قۇتۇبى ناھىيەسىدىكى نەسىللىك كالا فېرمىسى سۈت مەھسۇلاتلىرى، گۆش مەھسۇلاتلىرى، يەم ـ خەشەك پىششىقلاش بىر گەۋدىلەشكەن پۈتۈن كەسىپ زەنجىرلىك ئۈنۈۋېرسال دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىسى بولۇپ، خام سۈتنىڭ سۈپىتى دۆلەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەن، ئۆزى قاراشلىق شىنجاڭ شىيۈچۈن سۈتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى يېتەرلىك ئەلا سۈپەتلىك سۈت مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## غەربىي شىمال نېفىتلىكى ئون يىلدا تەمىنلىگەن تەبىئىي گاز 12 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشتى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ جۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو نېفىت خىمىيەسى غەربىي شىمال نېفىتلىكى يېقىنقى ئون يىلدا دۆلەتنى تەمىنلىگەن تەبىئىي گاز 12 مىليارد كۇب مېتىردىن ئېشىپ، ئۇدا ئون يىل نورمىدىن ئاشۇرۇپ سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنى 8 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر گاز بىلەن تەمىنلەپ، غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش بويىچە 3 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر گاز بىلەن تەمىنلەپ، دۆلەت ئۈچۈن غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

## ئابلەت ئاشخانا ئېچىپ يۈكسەك ئىرادىگە كەلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى شىڭ، سۈي يۈنيەن

ئابلەت ھامۇت ئاچقان ئاشخانا ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تويلۇق يېزىسىدا بولۇپ، ئاشخانا كىچىككىنە قارايدۇ، ئىشىك ئالدىدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار.

4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، مۇخبىرلار ئاشخانىغا كەلگەندە، چۈشلۈك تاماقنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئەمدىلا ئاخىرلاشقانىدى. ئاشخانىنىڭ ئىچى ناھايىتى پاكىز بولۇپ، ئۈچ تاماق ئۈستىلى ۋە پول پاكىز سۈرتۈلگەنىدى. ئابلەت توق قىزىل ئاشپەزلەر كىيىمىنى كىيگەن، پەرتۇق تارتقان، ئاشپەزلەر دوپپىسىنى كىيگەن ھالدا، خېرىدارلارغا چاي قۇيۇۋاتاتتى.

### كۆڭۈل قويۇپ تىجارەت قىلىش ئاشخانىنى گۈللەندۈرۈش

بۇ ئاشخانىنى ئابلەت 2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاقسۇ شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاچقانىدى. ئىلگىرى ئۇ بىرنەچچە يىل ئاشخانا ئېچىپ باققان بولغاچقا، بۇ جەھەتتە دىتى بار ئىدى. ئۇ كوچا بويىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىجارىگە ئالدى، بۇ يەرنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت، مەكتەپ، دوختۇرخانا بىلەن بولغان ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云

新疆报业传媒集团


شىنجاڭ ياخشى جاي

## «گۈلى»نىڭ «ئۈچ قېتىملىق سەكرىشى»

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رىن جياك

ئەتىگەن سائەت 10 يېرىمدا، قەشقەر قەدىمىي شەھەر مەنزىرە رايونىدىكى «گۈلى ئائىلىسى»نىڭ ئىشىك ئالدى شادلىق دېڭىزىغا ئايلانغانىدى: كۆتۈرەڭگۈ، شوخ مۇزىكىلار، لەرزان پىرقىراۋاتقان كۆڭلەك ئېتەكلىرى، قىزغىن، قايناق ئۇسسۇللار ساياھەتچىلەرنى قەدىمنى تونۇختىپ كۆرۈشكە جەلپ قىلدى، ھەتتا بەزى ساياھەتچىلەرمۇ ئەگىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى.

«كۆرۈدىغان ساياھەتچى بولسىلا، بىز توختىماي ئۇسسۇل ئوينايمىز. بەزىدە بىر سائەتتىن ئارتۇق بىللە ئۇسسۇل ئوينايمىز» دېدى سالامەتگۈل قارى كۈلۈپ تۇرۇپ.

6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «گۈلى ئائىلىسى»نىڭ بېزەلگەندىن كېيىنكى قايتىدىن تىجارەت باشلىغان تۇنجى كۈنى ئىدى. ئەتىگەندىلا، بۇ يەردە ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ياڭراپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىقتى. «گۈلى ئائىلىسى» قەشقەر قەدىمىي شەھەر مەنزىرە رايونىدىكى ئەڭ داڭلىق ساياھەت ئائىلە زىيارىتى نۇقتىلىرىنىڭ بىرى، سالامەتگۈل «گۈلى ئائىلىسى»نىڭ مەسئۇلى، شۇنداقلا مەنزىرە رايونىدىكى بىر گۈل — ئۇ كونا شەھەر رايونىدا چوڭ بولغان، قەشقەر قەدىمىي شەھەر مەنزىرە رايونىدا ساياھەت يېتەكچىسى بولغان، ئائىلە زىيارىتى نۇقتىسى ئاچقان، ئۇنىڭ تۇرمۇشى باشتىن ـ ئاخىر مەنزىرە رايونى بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئىشلىرى مەنزىرە رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كۆزنى سېرى روناق تاپماقتا.

سالامەتگۈل قەشقەر كونا شەھەر رايونىدا چوڭ بولغان، ئۇ چاغلاردا، كونا شەھەر رايونىدىكى كوچىلار تار، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



گۈزەل يېزا ـ كەنتلەردە گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلدى

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر بورتالا شەھىرى بىلىن خارمودۇن يېزىسىنىڭ جۇكىن كەنتىدىكى قىچىزارلىقتا سەيلە قىلماقتا. جۇكىن كەنتى يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈزۈۋش باغچىسى، نىلۇپەر سەيلىسى ئاسما يولى، پۇقراۋى قونالغۇ قاتارلىقلارنى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ، كۆپلىگەن ساياھەتچىنى كېلىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلدى. □ يۈسۈپ غېنى فوتوسى

## ساياھەت شۆيۈەن كەنتىگە «ئېقىن سۇ» ئېلىپ كەلدى

□ گېزىتىمىز ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ جىك، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ما رېنخۇي




ھەر كۈنى سەھەردە، ئونسۇ ناھىيەسى بوز دۆڭ قىرغىز يېزىسى شۆيۈەن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى غوجامنىياز ساۋۇت شۇ كۈندىكى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى باشلايدۇ. «مەن تاغدا چارۋىچىلار ئارامگاھى ئاچىمەن، ھازىر كىرىمىم يامان ئەمەس، بۇنى ئىزچىل قەتئىي داۋاملاشتۇرىمەن!» دېدى غوجامنىياز تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

«ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ يېتەكچىلىكىدە، غوجامنىياز تاغدىكى ساياھەت كۈتۈۋېلىش نۇقتىسىدا ئۈچ كىگىز ئۆي، ئالتە لاپاس سالدى، كاۋاپچىلىق ھۈنىرى ياخشى، مۇلازىمىتى ئەتراپلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ چارۋىچىلار ئارامگاھىغا كېلىپ ئىستېمال قىلىدىغان ساياھەتچىلەر ناھايىتى كۆپ بولدى. بۇ ئىككى يىلدا، ھەر قېتىملىق ساياھەت ئاۋات پەسلىدە، ئۇنىڭ كۈندىلىك كىرىمى 700 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە بولدى.

نۆۋەتتە شۆيۈەن كەنتىدە غوجامنىيازغا ئوخشاش چارۋىچىلار ئارامگاھى ئەمدىن 50 نەچچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلە %90نى ئىگىلەيدۇ.

شۆيۈەن كەنتى تىپىك تاغلىق رايوندىكى كەنت، ئىلگىرى ئېغىر نامرات كەنت بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 1.6 موغا يەتمەيتتى، كەنتتىكى 47 ئائىلىنىڭ 41ى نامرات ئائىلە ئىدى. (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)